# پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، زور تۆركۆمدىكى ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسپىرانتلار مائارىپى يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى مۇھىم ئۇل تاش. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى ۋە دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق ئەڭ ئالدىنقى سەپكە يۈزلىنىپ، كۆپ ساھە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلەش ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى، پەن ـ دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەلالاشتۇرۇپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاسپىرانتلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

مەملىكەتلىك ئاسپىرانتلار مائارىپى يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۇن چۇنلەن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى يادرو قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەتقىقاتنى ئاسپىرانتلارنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي كۆرسەتكۈچ قىلىپ، پەن كەسپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ تەربىيەلەش، ئېچىۋېتىش ـ ھەمكارلىششقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەتقىقات ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش كېرەك. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي ئۇنۋان تىپىغا قارىتا مائارىپ باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەت باشقۇرۇش، مەكتەپ ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى چىڭىتىپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىن سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. بېيجىڭ داشۆ، چىڭخۇا داشۆ، خۇاجۇڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسى، شىئەن ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا شۇنچە چىڭ تۇرۇش، ئاممىنىڭ «كۆكتات» «ئاشلىق»نى شۇنچە ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

شىنلىيەن بازىرى ۋە بېييۈەنچۈەن بازىرىدا، شۆھرەت زاكىر بازار تىجارىتىنى باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، سېتىش، باھا، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ھەمدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى كۆكتات ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازارلىرى تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قەتئىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كەسپىي خادىملىرىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكىر ئېلىپ، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئاپتوموبىل ئېقىمىنىڭ كىرىش ـ چىقىشى، توختىتىشىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ توپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بازار مۇھىتىنىڭ پاكىز ۋە بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، پىششىقلاش، توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ساقلاش قاتارلىق بىخەتەرلىك ئۆتكەللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ھەمكارلىششنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش يېشىل يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاممىنى «كۆكتات» «ئاشلىق» بىلەن تەمىنلەش يولىنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى ياخشى، كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار، مەھەللىلەر، توپ سېتىش تىجارەتچىلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، يۆتكەپ توشۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم مەزگىلى ۋە قۇربان ھېيتتا كۆكتات، گۆش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ تولۇق، تۈرلىرىنىڭ تەل، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن قادىربېك قامزا، ما شيۇچېڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش توغرىسىدا مەخسۇس پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلىرىدىن ما مىڭخۇي، نى مىنجيەن، ۋاڭ شاۋخۇا، لۇ چېن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۈي يەن قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن سۆز قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت، يۈزلىنىش قانۇنىيىتى، ئۇسۇل ـ تەدبىر، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لى پېڭشىن: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاممىۋى سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، كەسپىي كۈچلەرگە تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئىلمىي، دەل جايىدا قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلىش، پەن تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىسى ۋە تىرىشچانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، دەپ كۆرسەتتى، ئۇ كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە رەھمەت ئېيتتى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقالدى، ۋىرۇسنىڭ يۇقۇمچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىشى تېز، كېسەل پەيدا قىلىشى يوشۇرۇن بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىش، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا جەزمەن چىڭ تۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، كەسپىي كۈچلەرگە تايىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، كەسپىي خادىملار ئاممىنى يېتەكلەش، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچىدىن بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى پايدىلىنىپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق، پۇختا، ئىنچىكە ياخشى تۇتۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، ۋاڭ مىڭشەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

### ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىگە پائال ئاتلاندى

## يۇقۇم ئالدىدا خىسلىتىنى نامايان قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن خۇاڭ** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە قارىتا، بۇ ئىدارە پۈتۈن شەھەردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن كەڭ ھەربىيلەرگە تەشەببۇسنامە چىقارغان: دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدىن ئىبارەت بۇ مەيداندا قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشتا مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ، رولىمىزنى نامايان قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئارمىيە بايرىقىنى داۋاملىق جۇلالاندۇرايلى.

تەشەببۇسنامە چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئارمىيەدىن چېكىنگەن نۇرغۇن ھەربىيلەر بەس ـ بەستە تىزىمغا ئالدۇرۇپ، جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى يېزىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پائال ئاتلاندى. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي ۋاڭ يەنجۇ شۇ ھامان ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە بۇ تەشەببۇسنامىنى تارقاتتى ھەم مۇنداق دەپ سۆز قالدۇردى: «ئارمىيەدىن چېكىنگەن بولساقمۇ، خىسلىتىمىزنى يوقاتمىدۇق، ئارمىيەدىن چېكىنگەن بولساقمۇ، ئىرادىمىزدىن يانمىدۇق. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە پائال قاتنىشايلى!»

«مەھەللىمىزنىڭ پىدائىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال تىزىمغا ئالدۇردۇم. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم بار» ۋاڭ يەنجۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرىكى بىر قىسىم سەپداشلىرىم مەن ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە يوللىغان تەشەببۇسنامىنى كۆرۈپ، پىدائىيلار پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئاكتىپ تىزىملاتتى».

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە مۇلازىمەت قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت 13كىچە، 500دىن ئارتۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتناشقان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، شەھەرلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رېن جۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پائال ئاتلانغان ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ سانى مۇلازىمەت قىلىش جەمئىيىتى ئىستاتىستىكا قىلغان سان بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ھەربىيلەرنىڭ خىسلىتى ۋە يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە پائال قاتناشقاندىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قارىمىقىدىكى ھەرقايسى پىدائىيلار كوللېكتىپلىرىمۇ پائال ھەرىكەتكە كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم ئەسكەرلەر ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقى، ئەسكەر ئانىلار، لېي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى، قىزىل يۇلتۇز خور ئۆمىكى قاتارلىقلار بار ئىكەن.



**ماددىي ئەشيالار تولۇق بولدى**

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى سۈيچۈەن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى رىنگۋاڭ مەھەللىسى كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئاھالىلەرگە تۇخۇم تەقسىملەپ يەتكۈزمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش دۇكانلىرىدا تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى تولۇق، باھا مۇقىم بولدى.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

---

## دېزىنفېكسىيە دورىسىنى ئۆلچەملىك، ئىلمىي ئىشلىتىش كېرەك

**مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۆي تازىلىغاندا دېزىنفېكسىيە دورىسىنى ئىشلىتىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ ئىشلىتىش جەريانىدا قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك؟ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىن كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىگە مۇنداق ئەسكەرتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش يولى يېقىن ئارىلىقتىكى نەپەس يولى چاچراندىلىرى ئارقىلىق تارقىلىش ۋە ئۇچرىشىش ئارقىلىق تارقىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەگەر ئۆي ياكى ئىدارىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ياكى يېقىندىن ئۇچراشقانلار بولمىسا، ھەر كۈنى دېزىنفېكسىيە دورىسى پۈركۈش ھاجەتسىز، پەقەت ئۆي ئىچىنىڭ تازىلىقىنى ياخشى قىلسىلا بولىدۇ.

ۋېن گوشىن مۇنداق دېدى: ئۆي ۋە ئىدارىدە ئادەتتە دېزىنفېكسىيە دورىسىنى ئىشلەتكەندە، دېزىنفېكسىيە مەھسۇلاتى چۈشەندۈرمىسى بويىچە دېزىنفېكسىيە دورىسىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، دېزىنفېكسىيە دورىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ دېزىنفېكسىيە مەھسۇلاتىنى پەقەت چۈشەندۈرمىدە كۆرسىتىلگەن ئوبيېكت دائىرىسىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دائىرىدىن ھالقىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ھەر خىل دېزىنفېكسىيە دورىسىنى ئايرىم ئىشلىتىش كېرەك، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى دېزىنفېكسىيە دورىسىنى خالىغانچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك، دېزىنفېكسىيە دورىسىدىن زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى تەركىبىدە ئاممىياك بولغان ھاجەتخانا تازىلاش دورىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شەھەر ئاھالىلىرى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەتكەندە، چوقۇم چۈشەندۈرمىدىكى قويۇقلۇق بويىچە دېزىنفېكسىيە دورىسىنى تەييارلاپ، چۈشەندۈرمىدە تەلەپ قىلىنغان ئەڭ قىسقا دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋاقتىغا يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دېزىنفېكسىيە دورىسىنى تەييارلىغان ۋە ئىشلەتكەندە، مۇناسىپ مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، ماسكا، مۇداپىئە پەلىيى قاتارلىقلارنى تاقاش، كىيىش (رېزىنكە پەلەي ياكى كاۋچۇك پەلەي ئىشلىتىشكە بولىدۇ، پاختا رەخت ياكى پاختا يىپ پەلەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ) كېرەك.

ۋېن گوشىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئادەم بەدىنىنى دېزىنفېكسىيەلەش ئاساسلىقى قول ۋە باشقا بۇلغىنىش ئېھتىماللىقى بولغان قىسىملارغا قارىتىلغان، پۈتۈن بەدەنگە پۈركۈپ دېزىنفېكسىيەلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىسپىرت بىلەن دېزىنفېكسىيەلەش پەقەت كىچىك بۇيۇملارغىلا ماس كېلىدۇ، كەڭ دائىرىدە چېچىشقا ماس كەلمەيدۇ. شەھەر ئاھالىلىرى دېزىنفېكسىيە دورىسىنى بىخەتەر، مۇۋاپىق ساقلىشى، ئىچىملىك بوتۇلكىسىغا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى قاچىلىماسلىقى، ئوت ئاپىتى يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. دېزىنفېكسىيە دورىسىنى بالىلار ئالالمايدىغان سالقىن جايغا قويۇشى، خاتا ئىستېمال قىلىپ زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

«دېزىنفېكسىيە دورىسىنىڭ بەلگىلىك غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى بار، ھەرگىزمۇ زىيادە، قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك، ئۆي ۋە ئىدارىلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلغاندا شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش، دېزىنفېكسىيەنىڭ تەسىر قىلىش ۋاقتىغا يەتكەندىن كېيىن ۋاقتىدا پاكىز سۇ بىلەن سۈرتۈپ، دېزىنفېكسىيەلەنگەن بۇيۇملارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دېدى ۋېن گوشىن.